# سېنىڭ ئېيتقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا چاقىرغىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەن، بىزنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقىمىز ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭغا كاپارەت بولىدىغان

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: مۇشرىكلاردىن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپ زىنا قىلغان بىر بۆلۈك كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: سېنىڭ ئېيتقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا چاقىرغىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەن، بىزنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقىمىز ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭغا كاپارەت بولىدىغان بىر وَالَّذِينَ لا يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ وَلا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ :ئىشتىن خەۋەر بەرگەن بولساڭ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەرجىمىسى: «ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھالَّتِي حَرَّمَ اللهُ إِلا بِالْحَقِّ وَلا يَزْنُونَ قُلْ يَا :ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ» [سۈرە پۇرقان 68-ئايەت] . يەنە تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن)عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللهِ ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىشىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [سۈرە زۇمەر 53-ئايەت] نازىل بولدى.
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

مۇشرىكلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپ قېتىم زىنا قىلغان كىشىلەر ئىدى، ئۇلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: سەن دەۋەت قىلىۋاتقان ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بەك ياخشى ئىكەن، لېكىن بىز ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش قاتارلىق چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلدۇق، بۇنىڭ كاپارىتى بارمۇ؟ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ چوڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغاندا بۇ ئىككى ئايەت نازىل بولغان، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار شېرىك كەلتۈرۈش، ھەددىدىن ئېشىش قاتارلىق خاتالىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولاتتى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65071